# «ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشلا جاھاندىكى توغرا يول»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆپ تەرەپچىللىك ۋەدىسىنى تەكىتلەپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى كۈچەيتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى قوللايمىز. جۇڭگو تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىنى داۋاملىق قوللايدۇ».

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كۆپ تەرەپچىللىكنىڭ بايرىقى» «كۆپ تەرەپچىللىك ھەرقايسى دۆلەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇقەررەر يول» «ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپ، كەسكىن بولغانسېرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نوپۇزى ۋە رولىنى شۇنچە گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك»... رەئىس شى جىنپىڭ چىقارغان بۇ ھۆكۈملەر جۇڭگونىڭ قەتئىي مەيدانىنى ئىپادىلىدى.

«كۆپ تەرەپچىللىكنىڭ ئەڭ ئاساسىي داۋلىسى خەلقئارادىكى ئىشلارنى ھەرقايسى دۆلەتلەر كېڭىشىپ بېجىرىش، كۆپچىلىك قوشۇلغان قائىدە بويىچە بېجىرىش، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرىغا تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى رەئىس شى جىنپىڭ.

«جۇڭگونىڭ قوللىشى كۆپ تەرەپچىللىككە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم.» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: ئېنىقسىزلىققا تولغان دۇنيادا، جۇڭگو قەتئىي تۈردە كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداپ، ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقنى قوغداپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىنى قوغداپ، دۇنياغا ئېنىقلىق، ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېغىشلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچ، بېيجىڭ، خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي زالى. رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا سىن شەكلىدە رىياسەتچىلىك قىلدى. «ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال» دەپ كۆرسەتتى رەئىس شى جىنپىڭ.

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، بىرنەچچە ئاي كېڭىشىش ئارقىلىق، 74 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا 169 ئاۋاز قوللاش، ئىككى ئاۋاز قارشى تۇرۇشتەك مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن، «خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىپ» يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسنىڭ يەر شارىدا كەڭ تارقىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلىش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى.

قارارىدا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا «ئاچقۇچلۇق رەھبەرلىك رولى»نى ئوينايدىغانلىقى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «ئۇلۇغ رول»نى سىستېمىلىق جارى قىلدۇرىدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم بېكىتىلدى.

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنىڭ دەۋر ئەھمىيىتى يەنە بىر قېتىم شەرھلەندى، بۇمۇ ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ دەۋر ساداسى ئىدى ــ

«يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىر خىل ئالاھىدە شەكىل بىلەن كىشىلەرنى شۇنداق ئاگاھلاندۇردىكى، ئىنسانلار باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرىدىغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، ئېغىر، زور كرىزىس ئالدىدا ھەرقانداق بىر دۆلەت ئۆزىنىلا ئويلاپ باشقىلار بىلەن كارى بولمىسا بولمايدۇ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشلا جاھاندىكى توغرا يول».

تارىخنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدە، ھامان بەزى ئاچقۇچلۇق تۈگۈنلەر بولىدۇ، قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي، نيۇيوركتىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش ئىشتابى.

ئىنسانلارنىڭ ئورتاق كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ، رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق تەشەببۇس قىلدى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى يادرو قىلغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

2017 ـ يىلى 1 ـ ئاي، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ۋەنگو سارىيى.

«دۇنياغا نېمە بولدى، بىز قانداق قىلىمىز» دېگەن دەۋر سوئالىنى ئانالىز قىلغاندا، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ــ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە، جۇڭگو تەشەببۇس قىلغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كۆپ تەرەپلىك سەھنىسى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىپ، گاڭگىراپ قالغان ۋە ھالىدىن كەتكەن دۇنياغا يورۇقلۇق ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەلدى.

تارىخ كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىدۇ ــ

1971 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، 26 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى قارار ماقۇللاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى قانۇنلۇق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سەھنىسىدە كۈنسېرى مۇھىم رول ئويناشقا باشلىدى.

دەۋر ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ــ

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىدىن ئىبارەت تارىخىي يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، جۇڭگو ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئىدىيەسى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق دۇنياغا مۇنداق ئۇقتۇردى: «تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇش كېرەك».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەكچىلەرنى قەدىر ـ قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقى كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە كاپالەتلىك قىلغانلىق

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئەمگەك مۇناسىۋىتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى چېڭ چياڭ مۇنداق بىلدۈردى: ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى ئەمگەك كاپالىتىنى رېۋىزىيە قىلىش ۋە ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىنى مۇرەسسە قىلىش، كېسىم قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك توختامى، خىزمەت ۋاقتى، ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش، مائاش بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ، ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدى.

«ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئىپادىلەش، مەنپەئىتىنى ماسلاشتۇرۇش، ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى راۋانلاشتۇرىدىغان ۋە قېلىپلاشتۇرىدىغان مۇھىم يول.» ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى جۇ لىلى مۇنداق بىلدۈردى: باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى زورايتىپ، ئەمگەك تالاش ـ تارتىشنى مۇرەسسە قىلىش تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغدايدۇ.

«ئاياللارنىڭ باراۋەر ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە، شىنجاڭ ئاياللارنىڭ باراۋەر ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا توسالغۇ بولىدىغان توسقۇنلارنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، ئاياللارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قاتنىشىش ئىقتىدارى ۋە تۆھپە نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى، ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لىشيا.

«شىنجاڭ ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە كاپالەتلىك قىلدى، ئاز سانلىق مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە كاپالەتلىك قىلدى، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى.» ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خې چىڭگاڭ مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭ پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى باراۋەر قوغداشتىن ئىبارەت قانۇنچىللىق پىرىنسىپى بويىچە، ئەمگەكچىلەرنىڭ مىللەت، رايون، جىنس، دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن كەمسىتىلمەسلىكىگە، شەھەر ـ يېزا، كەسىپ، سالاھىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

**(مۇخبىر لى چۈنشيا، قاتناشقان مۇخبىرلار لياڭ لىخۇا، جاۋ جىيۈن، مېھرىگۈل غوپۇر)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## كىشىلەر خاتىرجەم بولدى، كۆڭۈل ئارامىغا چۈشتى، بىرىكمە كۈچ يېتەرلىك بولدى

جەنۇبىي شىنجاڭ مۇقىم بولسا، شىنجاڭ مۇقىم بولىدۇ.

بۇ بىرقانچە يىلدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، باشتىن ـ ئاخىر مۇقىملىقنى قوغداشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزىي خىزمەت، تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر قولدا زوراۋان ـ تېررورچىلارغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىشنى تۇتۇپ، بىر قولدا قەلبلەرنى ئەڭ زور چەكتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، مۇجەسسەملەشنى تۇتۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىش ھالىتىنى مەنبەدىن توسۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاساس پۇختا بولمىسا، يەر ـ جاھان تەۋرەپ قالىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، نەچچە يۈزمىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىشتىكى شىنجاڭ تەجرىبىسى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىشنى شىنجاڭنى مۇقىم، ئەمىن قىلىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانى ۋە ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرى قىلدى.

كېمىنىڭ كۈچى يەلكەندە، ئادەمنىڭ كۈچى قەلبتە.

ئاساسنى مۇستەھكەملەپ، ئۇلنى چىڭىتىدىغان، ئىجادىي، ئەمەلىي تەدبىرلەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلام قورغىنىنى مۇستەھكەملەپ، تەشكىلاتنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنى جانلاندۇرۇپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى خۇددى ماگنىتقا ئوخشاش پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇردى. پارتىيە بايرىقى شىنجاڭ تۇپرىقىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىر ئاساسىي قاتلام بازىسىدا ئېگىز جەۋلان قىلدى.

ئىش ئۈملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە.

باش شۇجى شى جىنپىڭ 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭدىكى مەسىلىلەر ئىچىدە كەلگۈسىگە ئەڭ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى يەنىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى.

2016 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن بۇيان، شىنجاڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى ئىجادىي قانات يايدۇردى، ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەر مىللەت ئاساسىي قاتلام ئاممىسى بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا پورەكلەپ ئېچىلدى.

كۆڭلۈم خاتىرجەم بولىدىغان جاي مېنىڭ يۇرتۇم.

بۇ بىرقانچە يىلدا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك پايدىسىز ئامىللار تەدرىجىي يوقىتىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى خاتىرجەم بولدى، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى، بىرىكمە كۈچ يېتەرلىك بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ مەبلەغ سېلىشتىكى ماگنىت مەيدانىغا، كەسىپنى گۈللەندۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراققا، ئېسىل ساياھەت ئورنىغا، پۇقرالارنىڭ شادلىق باغچىسىغا ئايلاندى.

## ساياھەت جانلاندى، خاسلىق گەۋدىلەندى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ كۈچەيدى

تەرەققىيات بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى.

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار بەس ـ بەستە كۆل، قارلىق تاغ، قۇملۇق، توغراقلىق قاتارلىق ئۆزگىچە خاس تەبىئىي مەنزىرىلەردىن پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىش كونا شەھەرنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى، سۈپەتلىك ماركىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش خوتەن كەچلىك بازىرىنى سىرتقا يۈزلەندۈردى... جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدىكى خاس يارقىن نۇقتىلار گەۋدىلەندى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقىمۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

نان شىنجاڭنىڭ خاس يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ئارىسىدىكى ئېسىل يېمەكلىك نام كارتىسى. جەنۇبىي شىنجاڭدا نۇرغۇن ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە نان مەدەنىيىتى كەسىپ باغچىسى قۇرۇلدى. نان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم تۇتقىغا ئايلانماقتا.

2014 ـ يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىليون كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش يىرىك پىلانىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، دۆلەت ئىچىدىكى زور بىر تۈركۈم داڭلىق توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلارغا مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇپ، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى ياراتتى.

كونا كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، يېڭى كەسىپلەر يېتىلدۈرۈلدى. «يانچۇق تېگى» پاسسىپ ۋەزىيىتى بۇزۇپ تاشلاندى، يادرولۇق رايون كۈچەيدى، تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيەتكە بېقىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى بوشلۇق ئاچتى.

## تۇرمۇش ياخشىلاندى، قىياپەت يېڭىلاندى، خەلقنىڭ قەلبى ئىللىدى

جەنۇبىي شىنجاڭ دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەخسۇس جەنۇبىي شىنجاڭ ئۈچۈن مالىيە، سېلىنما، پۇل مۇئامىلە، ئىختىساسلىقلار، كەسىپ، كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەمىناتى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت بۇ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مالىيە كۈچىنى تەقسىملەش، مۇھىم، زور ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنىڭ ياندىشى مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرى سېلىنمىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا مايىللاشتۇردى: 2014 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، ئاپتونوم رايون مالىيەسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا جەمئىي 497 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 29.1%تىن 2.21%كە تۆۋەنلىدى.

داۋالاش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ پايدىسىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما ئۇدا بەش يىل ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشتىن بەھرىمەن بولدى، كېسەلنى «بالدۇر بايقاش، بالدۇر دىياگنوز قويۇش، بالدۇر داۋالاش» ئىشقا ئاشتى، ساغلام تۇرمۇش ئىدىيەسى تەدرىجىي كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى، ھەر يىلى يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 1 مىليون 650 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. ھازىر، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئائىلىلەردىن كېلىپ ئىشلەۋاتقان ئەر ـ خوتۇن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەممىلا يەردە بار، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىدە نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى نامرات ئامما سالاھىيىتىنى ئالماشتۇرۇشنى تاماملاپلا قالماي، يەنە سېخ، زاۋۇت قاتارلىق كەسىپ سورۇنلىرىدىكى كەسپىي تايانچلارغا ئايلاندى.

نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشنى نۇقتىلىق يولغا قويغان رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، كۆچۈرۈلگەن نامرات نوپۇس 35 مىڭ 200 ئائىلە، 139 مىڭ 500 ئادەم بولۇپ، شىنجاڭدىكى كۆچۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ 87%نى ئىگىلىدى. بۈگۈنكى كۈندە، كىچىك شەھەر ـ بازار، كەسىپلەر باغچە رايونى قاتارلىقلارغا تايىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى ياخشىلىنىپلا قالماي، باراۋەر ئاممىۋى مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولدى، يەنە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

مىننەتدار قەلب جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان كۈچكە ئايلاندى. جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆزگەردى، ئۆزگىرىش يېزا ـ كەنتلەرنىڭ قىياپىتىدە، ئۆزگىرىش كىشىلەرنىڭ تەبەسسۇمىدا، ئۆزگىرىش ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىدىيەسىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ئەكس ئەتتى. كىشىلەر چىرايلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىدىغان بولدى، چىرايلىق گىرىم قىلىپ يۈرىدىغان بولدى، جاراڭلىق كىتاب ئوقۇش سادالىرى ياڭرايدىغان بولدى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغانلار كۆپەيدى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار دائىم بېرىش ـ كېلىش قىلىدىغان بولدى، ھەممە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىدىغان بولدى، شادلىققا تولغان ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولدى...